# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 5 ـ ئاي
18
شەنبە
维吾尔文 5月18日

新疆日报网: www.xjdaily.com
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24699 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭنىڭ «مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلايلى» ناملىق كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى «مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلايلى» ناملىق كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نىشان، ئۆلچىمىگە مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

**شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن قاتناشتى**

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇك** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۆگىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، جى جېڭ، پېڭ جيارۈي قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى ۋە يىغىنلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ 2018 ـ يىللىق دۆلەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشتىكى قايتما ئىنكاس مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى تۈزىتىش لايىھەسى» قاراپ چىقىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەتۈر ساناق باسقۇچىغا كىردى، بۇ دەل ئەڭ كۈچەيدىغان مەزگىل. پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




# ياشلىق باھار، سېخنىڭ بىرىنچى سەپىدە پەرۋاز قىلماقتا

☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **دۇ زۇڭياڭ، لۇ فېڭباۋ، رېن جياڭ، شىي لۇك، ۋاڭ چىمىڭ**

بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ياشلىق باھارى بولىدۇ، ھېچقانداق بىر ئەۋلاد كىشىنىڭ ياشلىق يولى ئوخشاشلىق بولغان ئەمەس، ياشلىق باھارنىڭ ئاساسى «كۈرەش قىلىش» دېگەن سۆزدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ.

شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت ئوتتۇرىچە يېشى 32 ياش بولغان بۇ ياشلار كوللېكتىپىدا، مۇنداق بىر توپ ياشلار بار، ئۇلار كۈرەش جەريانىدا ياشلىق ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، ياشلىق ئارزۇسىغا ئىنتىلىپ، تىرىشىپ ئاددىي ئىش ئورنىدا نۇر، ھارارەت تارقىتىپ، كارخانا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

■ **جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، يېڭىلگىنىگە مەڭگۈ تەن بەرمەسلىك**

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىرلار شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ رېمونت سېخىغا كەلدى، 42 ياشلىق ئابدۇسەمى شاگىرتلىرىنى يېتەكلەپ پىرېسلاش ماشىنىسىنى رېمونت قىلىۋاتاتتى. بۇ «مەملىكەتلىك تېخنىكا ماھىرى» كىشىگە تۇنجى قېتىمدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان، جىمغۇر، كەم سۆز تەسىر بېرىدۇ، بىراق رېمونتچىلىق تىلغا ئېلىنسا، يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدىغان، بەل قويۇۋەتمەيدىغان چىدامچانلىقنى تولۇق نامايان قىلىدۇ.

ئابدۇسەمى ھەر خىل نەرسىلەرنى رېمونت قىلىشقا ھېرىسمەن. بىلمەيدىغان مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئۇ كىتاب سېتىۋېلىپ ئۆگىنىدۇ، باشقىلاردىن سورايدۇ، تا بىلىۋالمىغىچە بولدى قىلمايدۇ.

بىر يىلى، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى بىر سوۋۇتۇش، توڭلىتىش ماشىنىسىدىن كاشىلا كۆرۈلۈپ، نورمال ئىشلەتكىلى بولمىدى. توڭلىتىش ماشىنىسى چەت ئەلنىڭ ئۈسكۈنىسى بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە ئالاقىدار تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش خادىملىرى ۋە تېخنىكا كۈچلىرى يوق ئىدى، پەقەت نۇرغۇن چىقىم قىلىپ چەت ئەللىك تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ رېمونت قىلدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، بۇ، ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر كۆرسەتتى، يەنە زور چىقىم كېتەتتى.

رېمونت قىلىش تېخنىكىسىدا باشقىلارغا تايىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چەت ئەل تەرەپ تېخنىكلىرى كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇسەمى ھەر ۋاقىت ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ماسلىشىپ تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش مەشغۇلاتى قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش تېخنىكا ـ ماھارىتىنى ئۆگەندى، بولۇپمۇ ئۇ ئاچقۇچلۇق تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش سانلىق مەلۇماتلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، سېخقا قايتقاندىن كېيىن، باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مۇشۇنداق «يېرىك» ئۇسۇلغا تايىنىپ، ئىمپورت قىلىنغان توڭلىتىش ماشىنىسىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش ئۇسۇلى ۋە يادرولۇق تېخنىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيەسى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ئابدۇسەمى شاگىرتى بىلەن بۇرمىسىمان پىرېسلاش ماشىنىسىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلماقتا. ☐ مۇخبىرىمىز **شىي لۇك** فوتوسى

## ئاددىي ئىش ئورنىدا قالتىس ئىنتىلىش

مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى

☐ **لۇ فېڭباۋ**

دۇنيادىكى قىيىن ئىشلار مۇقەررەر ئاددىي ئىشلاردىن باشلىنىدۇ؛ دۇنيادىكى بۈيۈك ئىشلار مۇقەررەر كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدۇ.

مەيلى رېمونت ئىشچىسى، سۈپەت تەكشۈرگۈچى بولسۇن ياكى بەن ـ گۇرۇپپا باشلىقى بولسۇن ھەممىسى ئاددىي ئىش ئورنىنىڭ بىر ئەزاسى، رېمونت ئىشچىسى ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرىدۇ، سۈپەت تەكشۈرگۈچى كۈندە تەكرارلىنىدىغان خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەيدۇ، بەن ـ گۇرۇپپا باشلىقى ئوخشاش ـ چۈشمەك ئىشلارنى بىرمۇبىر ھەل قىلىپ، بەختەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتىلىدۇ... ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىش ئورنىدا كىشىلىك ھايات قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقتا.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

### ئالتۇنگۈل تۇرسۇنتوختى:

# مېھىر ـ مۇھەببەتنى تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشقا قايتۇرىمەن

☐ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر**




«بۇ كۆكتات يوپۇرماقلىرىغا قاراڭە، قۇرت يەپ كەتكەچكە، سۈپىتى زىيانغا ئۇچراپتۇ، باھاسىغىمۇ تەسىر قىلىدۇ، سىز پەرۋىش قىلىپ تۇرۇڭ.» 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، لوپ ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ھاڭگىيا بازىرى بەخت كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ئالتۇنگۈل تۇرسۇنتوختى كەنت ئاھالىسى توختىغازى مەتتوختىنىڭ كۆكتاتلىقىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزەتتى.

چىققى چۈشتىكى قۇياش كىشىنىڭ يۈزىنى ئازراق كۆيدۈرەتتى، ئالتۇنگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى توپىنى قاقتى.

«بىر مەزگىلدىن كېيىن مەن يەنە كېلىپ تەكشۈرىمەن.» شۇنداق دەپ بولۇپلا ئالتۇنگۈل كەنتتىكى يەنە بىر ئاھالىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئالتۇنگۈلنىڭ كەنتتە تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئاممىۋى خىزمەت... ئۇ ھەممە ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، زىممىسىگە ئېلىپ كەلدى. «ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمدا نۇرغۇن ئىللىقلىققا ئېرىشتىم ۋە تەسىرلەندىم، ھەربىر كەنت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تۇغقىنىم، مەنمۇ مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئۇلارغا قايتۇرىمەن» دېدى ئالتۇنگۈل.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

# تۆت نۇقتىلىق تەشەببۇستا چىڭ تۇرۇش ئاسىيا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئادىمىيەت ئاساسى

## ــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى توغرىسىدا

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

مەدەنىيلىك كۆپ خىل بولغاچقا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئالماشتۇرۇلغاچقا ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىنىدۇ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىنغاچقا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ مەدەنىيلىكنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولۇشىنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### شۆھرەت زاكىر قەشقەر ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قەشقەر ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 53 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

# مۇشۇ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دائىمىي كومىتېتنىڭ 10 ـ يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 53 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، مۇشۇ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دائىمىي كومىتېتنىڭ 10 ـ يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى يېپىلدى

# شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تۆت بولۇشنى چۆرىدەپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى تۈرلۈك قارالمىلارنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە يېپىلدى، يىغىندا «سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش نىشانىنى پۇختا ئىگىلەپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى

# «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى»دىكى تۆرلۈك تەلەپلەرنى قەتئىي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شەكىلۋازلىق،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

**مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىكى ـ يېتەكچىلىكى شىنجاڭدا**

### ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى

# قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياڭ شۇخەن، جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىلمىي پىلانلاپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)